# ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھەر-خىل

# سىناقلار بىلەن سىنايدۇ

﴿ضرورة الاعتبار بالحوادث والكوارث﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]


پەزىلەتلىك شەيخ سالىھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى



2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿ضرورة الاعتبار بالحوادث والكوارث﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ صالح بن عبد الله بن حميد

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني

2009 - 1430

islamhouse.com

# ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھەر-خىل سىناقلار بىلەن سىنايدۇ

2009-يىلى05- ئاينىڭ 22-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرمەدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

"ئاللاھ ئىنسانلارنى ياخشىلىق-يامانلىق، ئامانلىق- قورقۇنچ ۋە ە تەبىئى ئاپەتلەر ئارقىلىق سىنايدۇ" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى ئىنسانلارنى دۇنيادا ياخشىلىق - يامانلىق، ئامانلىق-قورقۇنچ، بايلىق-كەمبەغەللىك ۋە شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان سىناقلار ئارقىلىق سىناشنى تەقەززا قىلىدۇ . بۇ سىناقلار ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ دىللىرى ئويغىنىدۇ، ئىمانى كۈچلىنىدۇ.

كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا يەرشارىدا ئۆزگىرىشلەر، تەبىئىي ئاپەتلەر بۇ ئەسىردە ئىلگىركى ئەسىرلەرگە قارىغاندا 4 ھەسسە ئېشىپكەتكەن. بولۇپمۇ يەر تەۋرەش ئاپىتى ئۆتكەن ئەسىرگە قارىغاندا، بۇ ئەسىر كىرگەندىن بىرى كۆرىنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. بۇ ئاپەتلەر ئۈستىدە ئويلىنىدىغان

بولساق، يەرتەۋرەش ئاپىتى، سۇ ئاپىتى، بوران-چاپقۇن ئاپىتى، ۋابا، يۇقۇملۇق كېسەللىرى ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كۆپەيگەن. تارقىلىۋاتقان كېسەللەر داۋاسىز، سىرى ئاشكارىلانمىغان كېسەللەر بولۇپ چاقماق تېزلىكىدە يامراپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلىماقتا. قۇش زۇكۇمى، سارس، چوشقا زۇكۇمى، پاشا ۋىرۇسى دېگەنلەرگە ئوخشاش ۋىرۇسلار ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا تەھدىت بولماقتا. دۇنيانىڭ سەھىيە مەيدانلىرىدىكى مۇدھىش تەرەققىياتى ھازىرغىچە ئىنسانلارنى بۇ ۋىرۇسلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالدۇرماقتا. قىسقىسى بۇ ۋىرۇسلار ئاللاھنىڭ قورۇغلۇق ۋە دېڭىزدىكى ئەسكەرلىرىدۇر. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئەسكەرلىرى تۈگىمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىمۇ تۈگىمەيدىغان چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتتۇر. يەرشارىدىكى ئىنسانلار، جىنلار، زېمىنلار، ئاسمانلار، ھاۋا، دېڭىز، يۇلتۇزلار، ئاسمان جىسىملىرى، بىز بىلىدىغان-بىلمەيدىغان مەخلۇقلار ھەممىسى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ، ئىرادىسىدىن تاشقىرى ھەركەت قىلالمايدۇ. ئاللاھ خالىغاننى تۇتىدۇ، خالىغاننى قويۇۋېتىدۇ. دۇنيانىڭ زالىملىرى قانچە كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك، زامانىۋى تېخنىكىلارغا ئىگە بولسۇن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، قەھرى غەزىپى ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئاللاھ خالىسا دۇنيانى بىر سېكۇنتتا ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ ھالاكەتكە ئۇچرىتىش، سۇ ئارقىلىق، ھاۋا ئارقىلىق، ۋابا-مىكروب ئارقىلىق بولىشى مۇمكىن. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا دۆلەتلەرنىڭ ھەربى ئۈستۈنلۈكى، زامانىۋى تېخنىكىسى، ئىقتىسادى كۈچى

ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇنچە قۇدرەتلىك كۇچلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسىدىكى ئايەتلەرنى توسۇش ياكى ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن مىليارلارچە مەبلەغ چىقىم قىلىپ ئايەت يۇز بېرىشتىن بورۇن قاچان ۋە قەيەردە يۇز بېرىدىغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشقان بولسىمۇ ھازىرغىچە نەتىجە يارىتالىغىنى يوق. ئاللاھنىڭ ئازابى، سىناق ئىمتىھانلىرى ئويلىمىغان ۋە كۇتۇلمىگەن ۋاقىتلاردا يۇز بېرىدۇ. يۇز بېرىۋاتقان تەبىئى ئايەتلەر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردۇر. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھېچقانداق تەدبىر ئىشلىمەيدۇ. ئىنسانلار بۇ ئايەتلەردىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. ئاللاھ بۇنداق ئايەتلەرنى، قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇن ئەۋەتىمىز دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۇن تۇتۇلۇش، ئاي تۇتۇلۇشلار ئاللاھنىڭ دەلىللىرىدىن بولۇپ، بەندىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇندۇر، دېگەن.

ئىنسان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئېلىپ قېچىلىۋاتقان، ئۆلتۇرلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىشىمۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بولۇپ، ئىبرەت ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ . يۇزبېرىۋاتقان تەبىئىي ئايەتلەر، ئەلۋەتتە ئاللاھ تەرىپىدىن بىز ئىنسانلارغا ئىبرەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىشلاردۇر. تەبىئىي ئايەتلەر ئىنساننى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىدۇ، بۇنىڭدىن مۆمىنلەر ئىبرەت ئالسا، كافىرلار تېخىمۇ گۇمراھلىقتا چۆمىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقىتتا ئىنسانلارنى تەبىئىي ئايەتلەر بىلەن جازالىماسلىقتا ۋەدە بەرگەن تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاۋا بۇزۇلغان، بوران چىققان ۋاقىتلاردا ئەندىشىدىن چىرايى

ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئۆيگە كىرەتتى، سىرتقا چىقاتتى. « ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا : ئى رەسۇلۇللاھ سىزگە نېمە بولدى دەپ سورىسا، بۇ ئاللاھنىڭ ئازابى ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ، ئىلگىرىكىلەر يامغۇر ياغقاندا بۇ ئۆتكۈنچى يامغۇر دەپ پەرۋا قىلماستىن غەرق بولۇپ تۈگىگەنىدى » دەيتتى. ئاللاھ سۇ، بوران، يەرتەۋرەش، يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش ئاپەتلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق پۇلدار بايلارنى سىنايدۇ، پۇللىرىنى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتەلەمدۇ يوق دەپ سىنايدۇ .

ئاپەتكە ئۇچرىغانلار يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە، ئۆي-جايغا مۇھتاج، ئۇلارغا ياردەم بېرىش بايلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەگەر ئۇلار شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مەسئۇلىيىتىنى تونۇماستىن يەنە بېخىللىق قىلىپ تۇرىۋالسا ئۇنداقلار ئۇچۇن ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا چارە يوق.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى دېڭىز ئوكيانلار تىترەيدۇ، تاغلار يېرىلىدۇ، جانلار ھالاك بولىدۇ دىللار تىترىمەيدۇ، دۆلەتلەر يىمىرىلىدۇ، قەلبلەر تىترىمەيدۇ. يەرلەر تەۋرەپ كېتىدۇ ئادەم پىسەنت قىلمايدۇ.

بىز ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئويلايدىغان، ماڭغان يوللىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، ئىنساندىكى دەھشەتلىك جۈرئەتنى كۆرمىكىمىز ئانچە قىيىن ئەمەس.ئىنسان قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئاللاھنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ . چەكلىگەن، ھارام قىلىنغان ئىشلارنى سادىر قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا پىسەنت قىلمايدۇ، چەكلىمىلىرىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ. ئىبادەت، مۇئامىلە، ھەق-ھۇقۇقلارنى ئادا قىلىشتا مەسئۇلىيىتىنى تونۇمايدۇ.

ئىنسان شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئاللاھنىڭ ھىلىسىدىن ھېچكىم قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ.

مۇسۇلمانلارغا بالا-مۇسىبەت قانچە كۆپ ۋە چوڭ بولسا ئەجىر-ساۋاپمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ ( ئەگەر سەۋر قىلسا). ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قە ۋ منى بالا-مۇسىبەت بىلەن سىنايدۇ. رازى بولۇپ سەبىر قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ رىزالىقى بار، غەزەپلەنگەنلەر ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ياخشى كۆرگەن بەندىسىگە بۇ دۇنيادا ئازاپ ئەۋەتىپ پاكلايدۇ، ئاللاھ يامانلىق ئىرادە قىلغان كىشىگە مۆھلەت بېرىپ قىيامەتكىچە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇ ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئاللاھنىڭ ئىمتىھانلىرىغا رازى بولۇش قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇش، سەۋەپ قىلماي كۇتۇپ تۇرۇش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى سەۋەپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن تەقدىرىگە قېچىش دېمەكتۇر. كۇتۇلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تەبىئى ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇپ، داۋاملىق پەخەس بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. تەبىئى ئاپەتلەرگە يولۇقماسلىق ئۇچۇن تەۋبە-ئىستىغفارنى كۆپ قىلىش كېرەك . ئىنسان داۋاملىق ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش لازىم. سەدىقىنى كۆپ قىلىش ۋە يوقسۇللارنى يوقلاش لازىم .

ئاللاھ بارچىمىزنى ئاپەت ۋ ە بالا-مۇسىبەتلەردىن ساقلىسۇن ئامىن!.